شىنجاڭ گېزىتى

2020- يىل 10- ئاي
25
يەكشەنبە
维吾尔文 10 月25日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى
شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  25225- سان  بۈگۈن 4 بەت

# ئۇلۇغ غەلىبىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتايلى

## — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى غەلىبە قىلغان 60 نەچچە يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگودا مىسلىسىز غايەت زور تارىخىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى.

«بۈگۈن بىز ‹ئىككى 100 يىل›لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئىستىقبالىمىز پارلاق.

(ئاخىرى 4- بەتتە)

# تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىش  ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەت

## — يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگونىڭ «13- بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى

«بىز پات ئارىدا ‹13- بەش يىل›لىق يىرىك پىلانىدىكى ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك تاماملاپ، پۈرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايمىز».

2016- يىلدىن 2020- يىلغىچە، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە قويۇق، رەڭدار سەھىپە پۈتۈپ چىقىلدى.

ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى 100 تىرىليون يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلگە يېقىنلاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان GDP 10 مىڭ دوللاردىن بۆسۈپ ئۆتتى، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ، پەن - تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى يېڭى چوڭ پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا پات ئارىدا ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، جۇڭخۇا مىللىتى مىڭ يىللاپ ئارزۇ قىلغان ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلاندى، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانى پات ئارىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

بەش يىل مابەينىدە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىگىزدە تۇرۇپ، يىراقنى نەزەر سېلىپ، پىلان تۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

### دولقۇننىڭ بېشىدا مەزمۇت تۇرۇپ، يول باشلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، جۇڭگو تەرەققىياتىنىڭ يېڭى چوڭ پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش

نەچچە مىڭ مۇنارسىمان كىران، 100 مىڭدىن ئارتۇق قۇرغۇچى... بۇ يىل كۆزدە خۇابېي تۈزلەڭلىكىدىكى شيۇڭئەن يېڭى رايونى پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئەڭ چوڭ قۇرۇلۇش ئورنىغا ئايلىنىپ، ھەر كۈنى غول تارتىپ باراقسانلىدى.

2017- يىلى 2- ئاينىڭ 23- كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭنەنخەيدىن يولغا چىقىپ، ئاپتوموبىللىق 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، بۇ تۇپراققا كەلدى.

«شيۇڭئەن يېڭى رايونىنى قۇرۇش بىر تۈرلۈك تارىخىي خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش»، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزى ئېنىق ئورۇن بەلگىلەپ بەردى.

بۈگۈنكى كۈندە، مىڭ يىللىق ئۇلۇغۋار پىلان، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى يۈكلەنگەن كەلگۈسىدىكى شەھەردە قاينام تاشقىنلىقتا چۆمگەن قۇرۇلۇش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى.

شيۇڭئەن يېڭى رايونىنىڭ جەنۇبىدىن 2000 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا شېنجېن چېگرىسى بار.

ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوندىكى «ئالاھىدە رايون» ساھىلىدىن يېڭى شەھەرگە ئۆزگەردى، 200 دىن ئارتۇق ئىمارەت قەد كۆتۈردى، يېڭى قۇرۇلغان 173 مىڭ كارخانا ماكانلاشتى، 50 نەچچە تۈرلۈك تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە كۆپەيتىلىپ كېڭەيتىلدى.

شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى پەيتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يەردە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكىلەرگە: جۇڭگو تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىدۇ، دەپ جاكارلىدى.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

# ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىغا ۋارىسلىق قىلىمىز ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرىمىز

## — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش تىنچلىقنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشتىكى ھەققانىي ئۇرۇش، بىز ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيمىز.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشكە قاتناشقان 90 ياشلىق پېشقەدەم ئەسكەر مۇ خۇڭچيەن مۇنداق دېدى: «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە باش شۇجىنىڭ بىزگە قىلغان غەمخورلۇقىغا رەھمەت، مەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىغا داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى ئۇلۇغ غەلىبىسىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە مەڭگۈلۈك ئويۇلىدىغانلىقىنى، ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق، تەرەققىيات، ئالغا بېسىش تارىخ سەھىپىسىگە مەڭگۈلۈك ئويۇلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ كۆپ كىشىگە بىلدۈرىمەن».

قۇتۇبى ناھىيەسى دافېڭ بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لىن چياڭ مۇنداق دېدى: باش شۇجى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش روھىنى جەزمەن مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇپ ۋارىسلىق قىلىش، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەۋج ئالدۇرۇشنى تەكىتلىدى. ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىي، ئاساسىي قاتلام يېزا - بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ھەر مىللەت ئاممىنى ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق

(ئاخىرى 4- بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىن يىغىنى ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

# ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغداش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى

## شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلىمەجىن، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىڭرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 10- ئاينىڭ 24- كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىن يىغىنى ئېچىپ، قەشقەر ۋىلايىتى كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلىمەجىن، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۇنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، قىلچە بوشاشماي دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. قەشقەر ۋىلايىتى كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك.

بىرىنچىدىن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەقىقىي چىڭىتىش كېرەك. بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، تەلەي سىناش پسىخىكىسىنى قەتئىي تۈگىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتنىڭ قاراتمىلىقى، دەل جايىدا بولۇشى، ئىلمىيلىكىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق 13- نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 100- قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈەن لېي خەۋەر قىلىدۇ: 10- ئاينىڭ 23- كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13- نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 100- قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا شىنجاڭ سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللاشقا ئالاقىدار سىياسەت - تەدبىرلەر قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پەن - تېخنىكا، كەسىپ، ئىختىساسلىقلار قاتارلىق جەھەتلەردىن، شىنجاڭ سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا باغچە رايونىنى دۆلەت يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قىلىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى قوللاپ، يېزا ئىگىلىكىدە يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان باشلامچى رايون ۋە يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات تەجرىبە رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، مەملىكەت ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، خەلقئارادا تەسىر كۈچى بار زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىدە يېڭىلىق يارىتىش ئېگىزلىكى، ئىختىساسلىقلار ئېگىزلىكى ۋە كەسىپلەر ئېگىزلىكى بەرپا قىلىش كېرەك. ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار، ئورۇنلار سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر بويىچە

(ئاخىرى 4- بەتتە)

شەۋكەت ئىمىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدا 3- قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

# يىغىننىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ يۆنىلىشى توغرا، نەتىجە - ئۈنۈمى مول بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 10- ئاينىڭ 24- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدا 3- قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى.

(ئاخىرى 4- بەتتە)

چېن چۈەنگو ئۈرۈمچىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا تېخىمۇ چوڭ قەدەم تاشلاش كېرەك

10- ئاينىڭ 24- كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونىدا يىرىك پىلان قۇرۇلۇشى، تىجارەت باشقۇرۇش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىماقتا.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى



پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىڭرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 10- ئاينىڭ 24- كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: 3- قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا تېخىمۇ چوڭ قەدەم تاشلاش كېرەك.

(ئاخىرى 4- بەتتە)